# كىمكى ئۆزىنىڭ دىنى قېرىندىشىنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى قوغدايدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دوزاختىن ساقلايدۇ

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىنىڭ دىنى قېرىندىشىنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى قوغدايدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دوزاختىن ساقلايدۇ».
[تېكىست توغرا] [تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام؛ مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ دىنى قېرىندىشى (ئۇ يوق ۋاقىتتا) سۆكۈلگەندە ياكى ئۇ كىشى توغرىسىدا يامان سۆزلەر قىلىنغاندا، ئۇنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى قوغدىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى قىيامەت كۈنى ئازابتىن ساقلايدىغانلىقىدىن خەۋەر بىرىدۇ.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/5514

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee